# بۇ ئىككىسى جەننەت ئەھلى ئىچىدە پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۈممەتلەرنىڭ قېرانلىرىدۇر

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە: بۇ ئىككىسى جەننەت ئەھلى ئىچىدە پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۈممەتلەرنىڭ قېرانلىرىدۇر، دېگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنى جەننەت ئەھلىنىڭ قېران ياشلىرى، دېگەن. ھەدىس شەرھىلىگۈچى ئالىملارنىڭ سۆزىگە ئاساسەن بۇ سۆزدىن مەقسەت، پەيغەمبەرلەردىن باشقا، بارلىق جەننەت ئەھلىنىڭ نەۋقىران ياشلىرى، دېمەكچى. الكهول: دېگەن الكهل، نىڭ كۆپلۈكى ئۇ 30 ياكى 34 ياشلاردىن 50 ياشقىچە بولغان كىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى مەقسەت ئەينى زاماندا، رەسۇلۇللاھ ئۇشبۇ ھەدىسنى بايان قىلغان ۋاقىتتىكى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ يېشى كۆزدە تۇتۇلغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ ئىككى ساھابىلەرلا ئەمەس بەلكى جەننەتكە كىرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى 33 ياشلىق نەۋقىران ياشلار بولىدۇ



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee